## 107624 ـ ھىجاپنى تەرك قىلىش روزىنى بۇزامدۇ؟

### سۇئال

مەن ھىجاپلىق قىز ئەمەس، ھىجاپلانماسلىقىم رامزاندا تۇتقان روزامنى بىكار قىلىۋېتەمدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن،

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: مۇئمىنە ئاياللار ھىجاپلىنىشقا بۇيرۇلغاندۇر. بىز ئىلگىرى ھىجاپ توغرىسىدا نۇرغۇن جاۋاپلارنى بەردۇق. بۇ جاۋاپلار تۆرلۈك شەكىلدە كەلدى، بەزى جاۋاپلار ھىجاپنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بولغان، يەنى ئۇ ھىجاپنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىلگىرى 21536 ـبۇ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان، ئۇ جاۋاپلارنىڭ بەزىسىدە ھىجاپنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەر 11774 -13998 ـنومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان. ئۇ جاۋاپلارنىڭ بەزىسىدە، شەرئى ھىجاپنىڭ سۈپىتى6991 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ھىجاپنىڭ مۇئمىنە ئايالنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيتىنى بىلدۈرىدىغان جاۋاپلار بار.

ئىككىنچى: ئايال ھىجابنى تەرك قىلغاندا ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز رەببىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، لىكىن روزا تۇتقان بولسا روزىسى توغرا بولىدۇ، ھىجاپنى تەرك قىلىشتىن ئىبارەت ئاسىيلىق قىلمىشلىرى روزىنى بۇزىۋەتمەيدۇ، لىكىن روزىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ ياكى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدۇ.

سىزنى روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە شەرئى ھىجاپنى لازىم تۇتۇشقا چاقىرىمىز، ھەقىقەتەن روزا تۇتۇشتىن بولغان مەقسەت پەقەتلا يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسى مۇناسىۋەتتىن چەكلىنىشلا ئەمەس، بەلكى بارلىق چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇشتۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇش دېگەن پەقەت يېمەك-ئىچمەكتىن چەكلىنىشلا ئەمەس بەلكى بىكار سۆز ۋە ناچار ئىشلاردىنمۇ قول ئۈزۈشتۇر.» [ھاكىم رىۋايىتى، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 5376 ـكەلتۈرگەن].

تۇتقان روزىڭىز سىزنى ئاللاھقا تائەت- ئىبادەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان، چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق قىلىدىغان بولسۇن،

ئاللاھ تائالادىن سىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر